السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىيىمىنى بېرىڭلار، ئەگەر قولۇمدا مۇشۇ تىكەنلىك دەرەخلەرنىڭ سانىچە چارۋىلار بولغان بولسا، ئاراڭلاردا بۆلۈپ بەرگەن بولاتتىم، ئاندىن مېنى بېخىل، يالغانچى ۋە قورقۇنچاق دېمەيتتىڭلار

جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۇنەيىن غازىتىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئەئرابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەنىيمەت مال تەلەپ قىلىپ ئېسىلىۋالدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخىگە قىستاپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىۋالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ: «كىيىمىنى بېرىڭلار، ئەگەر قولۇمدا مۇشۇ تىكەنلىك دەرەخلەر سانىچە چارۋىلار بولغان بولسا، ئاراڭلاردا بۆلۈپ بەرگەن بولاتتىم، ئاندىن مېنى بېخىل، يالغانچى، قورقۇنچاق دېمەيتتىڭلار» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيىن غازىتىدىن قايتىۋاتقاندا (ئۇ مەككە بىلەن تائىپ ئارىسىدىكى بىر جىلغا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم بىرگە كېتىۋاتاتتى) ئەئرابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن غەنىيمەت مال تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدى، ئۇلار ئۇنى بىر تۈپ سەمۇرە دەرىخىگە (ئۇ جىلغىدىكى بىر تىكەنلىك دەرەخ) قىستىغاندا دەرەخ ئۇنىڭ كىيىمىنى ئىلىۋالدى، ئەئرابىلار ئۇ كىيىمنى تارتقىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ماڭا كىيىمىنى بېرىڭلار، ئەگەر مۇشۇ تىكەنلىك دەرەخلەر سانىچە تۆگە، كالا ۋە قوي بولغان بولسا، ئۇنى ئاراڭلاردا بۆلۈپ بەرگەن بولاتتىم، ئەگەر مېنى سىنساڭلار بېخىل، يالغانچى ۋە قورقۇنچاق ئەمەسلىكىمنى بايقايسىلەر،-دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5790

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee